پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشى نىزامى» ئېلان قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشى نىزامى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلىدۇ) يېقىندا ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

«نىزام»دا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى تۈپ مىزان قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دىققەتنى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، ئۇرۇش قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان - ۋەزىپىسى ۋە پرىنسىپىغا قارىتا، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى ۋە ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە، ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئارمىيە پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىغا ئائىت مەسىلىلەرگە، ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىگە، ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە نازارەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمى قاتارلىقلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

«نىزام» ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك قېلىپلاشتۇرىدىغان، ئاساسىي غوللۇق پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزامى، ھەربىي سىياسەت - تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم نەتىجىسى بولۇپ، بۇ ئارمىيەمىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش سەۋىيەسىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «نىزام»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا ئارمىيە پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئارمىيەنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىدە يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐**خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

بىر مەيدان كىشىنى چۆچۈتىدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زور جېڭى، بىر مەيدان مىسلىسىز جاپالىق تارىخىي چوڭ سىناق! ئۆتكەنكى سەككىز ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، پارتىيەمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، كۆرەش قىلىشتا جۈرئەت قىلىپ، غەلبە قىلىشتا جۈرئەت قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۆرەش قىلىش تارىخىدا يەنە بىر باتۇرانە ئۇلۇغ ئىشنى ياراتتى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىسىگە يۇقىرى باھا بەردى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۇ مەيدان كەسكىن كۆرەشتە تاۋلاپ چىققان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى مۇپەسسەل يىغىنچاقلىدى ھەم چوڭقۇر شەرھلىدى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىلھاملىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلىدى، تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش خىزمەت تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، يېتەكچىلىككە ئىگە بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا بىزنى يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ۋىرۇس تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، يۇقۇم يامان ئەلپازدا كەلدى. تۇيۇقسىز تارقالغان ئېغىر يۇقۇم ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلىدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پەۋقۇلئاددە تەدبىر ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە ئىشقا تاقابىل تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى تېز سۈرئەتتە باشلاپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، غايەت زور قۇربانلىق بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مۇشۇ ئاساستا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق، دۆلىتىمىز يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، بىرىنچى بولۇپ ئېشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاساسىي ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. تۇيۇقسىز تارقالغان ئېغىر يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن، خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى پائال ئادا قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ياردەم بېرىپ، پۈتۈن يەرشارىدىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزدى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتا تۈرتكە بولۇشتىكى سەممىي ئارزۇسىنى نامايان قىلدى. بۇ مەيدان مىسلىسىز مۇشەققەتلىك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشى جۇڭگو روھى، جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق شەرھلىدى.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىندى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ كۈچى تولۇق نامايان قىلىندى، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ چوڭقۇر ئاساسى تولۇق نامايان قىلىندى، جۇڭگودىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ ئاڭلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى تولۇق نامايان قىلىندى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. بۇ مەيدان ئېغىر يۇقۇم بىلەن بولغان ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشتا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، غەلبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان قورقماس جاسارىتى ئارقىلىق، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، تەقدىرداش بولۇشتەك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى تاۋلىدى. بۇ ئۇلۇغ روھ جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ئالاھىدە تەبىئىي تالانت ۋە مەدەنىيەت گېنى بىلەن تومۇرداش، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزملىق روھنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئۇ جۇڭگو روھىنىڭ جانلىق شەرھلىنىشى بولۇپ، مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتتى، مۇقەررەر ھالدا ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى مۈشكۈل، ئېغىر. «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات، خەۋپسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشى كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ بويىچە، قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش؛ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى تېزدىن تولۇقلاپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈم كاپالىتىنى پۇختىلاش؛ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان يەر شارى خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش؛ تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ ۋە تۈگىتىپ، نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

بىر مىللەتنىڭ ئۇلۇغ بولالىشىدىكى تۈپ سەۋەب ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەر ئالدىدا ئەزەلدىن ۋاز كەچمەي، چېكىنمەي، توختاپ قالماي، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى ئۈچۈن ئېگىلمەي - سۇنماي كۆرەش قىلغانلىقىدا. 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ جاپالىق، شانلىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى مۇقەررەر ھالدا يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە يول بويى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ! بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىدە يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى يارىتايلى!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 - بەتتە)

بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلاپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۆرەش قىلىش تارىخىدا يەنە بىر باتۇرانە ئۇلۇغ ئىشنى ياراتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، دۆلىتىمىز يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىنىڭ قالتىس مۇساپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ئىلمىي يىغىنچاقلاپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم تەپەككۇر ئىلھاملىرىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، تەقدىرداش بولۇشتەك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، تىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر تونۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەك ئېھتىياتچان بولۇش، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، پەۋقۇلئاددە زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى پائال ئورنىتىش كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نىشانلاپ ۋە ئاجىز ھالقىلاردا كۈچنى توپلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېغىر نامراتلىق ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىنى قەتئىي بۇسۇپ ئۆتۈپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، شەھەر ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە شەھەر - يېزا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت - سودا يەرمەنكىسى يەر شارىۋى مۇلازىمەت - سودا باشلىقلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي بوشاشماي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت - سودىنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئىمپورتىنى سىجىل كېڭەيتىپ، رەقەملەشكەن، تورلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئۈزلۈكسىز ماسلىشىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئېچىۋېتىلگەن يۇقىرى قاتلامدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى بايراملىق تەبرىكلىگەنلىكى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىغانلىقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، ئوقۇتقۇچىلىقنى ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەت ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان كەسىپكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تېخىمۇ كۆپ تەربىيەلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون ساياھەت خىزمىتىنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ساياھەت خىزمىتىنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى چۆرىدىلىپ، نۆۋەتتىكى ساياھەت تەرەققىيات ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىدا چەك قويۇش، ئالدىن كېلىشىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرگە دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. ساياھەت ئىستېمالىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغىتىپ، كۆپ مەنبەلەشكەن ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ پەرقلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. ساياھەت تەشۋىقات ماركېتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «شىنجاڭنى سۆيۈش، يۇرتنى ساياھەت قىلىش» ساياھەت بازىرى ماركېتىنىڭ پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. ساياھەت مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ سەممىي تىجارەت قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كەسىپ ئاساسىي تىرىكىنى پۇختىلاپ، مۇھىم، چوڭ تۈرلەر قۇرۇلۇشىنى زورايتىپ، مەدەنىيەت، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش كېرەك. ساياھەت كەسپىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور خىزمەتلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ، «14 - بەش يىللىق» يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ساياھەت يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى يېتىلدۈرۈپ، بەرپا قىلىپ، ئىختىساسلىقلار تىرىكى سۈپىسىنى ياخشى قۇرۇپ، ساياھەت ئاقىللار ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشنى تېزلىتىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك.